# شىنجاڭ گېزىتى

2021 - يىل 3 - ئاي
13
شەنبە
维吾尔文 3 月13日
25359 - سان
بۈگۈن 8 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى    مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W    پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57    تيانشان تورى: www.ts.cn


## شىنجاڭدا بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 2 مىليوندىن ئاشتى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **رېن خۇا، جاۋ شىيانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 2 مىليوندىن ئېشىپ، 2 مىليون 42 مىڭ 700گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.3% ئاشقان.

«توردا تىزىملىتىپ ئىلتىماس قىلىشتىن تىجارەت كىنىشكىسىنى قولۇمغا ئېلىشقىچە پەقەت ئۈچ كۈنلا كەتتى. بۇنداق يۇقىرى ئۈنۈم مېنى شىنجاڭنىڭ تىجارەت - سودا مۇھىتىغا نىسبەتەن ئىشەنچكە تولدۇردى» دېدى شىنجاڭ تيەنجىي ساياھەت مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى ۋاڭ كۈي كۈلۈپ تۇرۇپ.

ۋاڭ كۈي ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2 مىليونىنچى تىجارەت كىنىشكىسىنى ئالغۇچى. «بۇ تىجارەت كىنىشكىسىنىڭ بەكلا قىممىتى بار، مەن بۇنى ئەتىۋارلاپ ساقلايمەن.» ۋاڭ كۈي ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «تىجارەت كىنىشكىسىنى ئېلىپ بىر ھەپتە ئىچىدە بىز تورنى ئەنگە ئالدۇرۇشنى تاماملىدۇق. يەرلىك ھۆكۈمەت يول، سۇ ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

سكانىرلاپ تېخىمۇ كۆپ خەۋەرنى كۆرۈڭ

# تارىخىي كېسىشىش مەزگىلىدىكى ئۇلۇغۋار پىلان

## —— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدىن 2021 - يىلىدىكى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىنغىچە

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى**

2020 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، خەلق سارىيى، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

تۆت ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت، 127 كۈندىن كېيىن ——

2021 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، خەلق سارىيى، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ئېچىلدى، بۇ تەكلىپكە ئاساسەن تۈزۈلگەن، قېلىنلىقى 142 بەت كېلىدىغان «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى لايىھەسى ۋەكىللەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ، يىغىننىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇلدى.

3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى يېپىلىپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى توغرىسىدىكى قارار ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى، بۇ يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى تەستىقلاش قارار قىلىندى.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدىن 2021 - يىلىدىكى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىنغىچە، پارتىيەنىڭ تەشەببۇسى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئارزۇسى مۇجەسسەملەنگەن يىرىك پىلان، پىروگرامما يېڭى مۇساپىنى باشلاشنىڭ ھەرىكەت پىروگراممىسىغا ئايلاندى.

«ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يىراقنى كۆرۈش ۋە بۈرچىنى زىممىگە ئېلىش ئارقىلىق ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىدى.

> **5 - ئومۇمىي يىغىندىن مەملىكەتلىك ئىككى يىغىنغىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، يۆنىلىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، كەڭ ئىستراتېگىيەلىك نەزەر ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر بىلەن كەلگۈسى پىلانىنى پىلانلىدى، پارتىيەنىڭ تەشەببۇسى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندى، مىليونلىغان خەلقنىڭ ئورتاق ھەرىكەت پىروگراممىسىغا ئايلاندى**

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى پارتىيەمىز ئاچقان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنى.

ئومۇمىي يىغىندا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغان يىرىك پىلان تەكلىپى دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىنكى پارلاق مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ بېرىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئىنىق ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈلدى، ئاساس تۈتۈلسا باشقا ئىشلارغا يول ئېچىلىدۇ.

ئومۇمىي يىغىندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى —— بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەكلىپتە بېكىتىلگەن تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ۋە خىزمەت تەلىپىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش.

باشلىنىش پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، قەدەم ئېلىش كېيىنكى ۋەزىيەتنى بەلگىلەيدۇ. قانداق قىلىپ ئومۇمىي يىغىن روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

## —— 2021 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىدا بېرىلگەن

گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ

**ۋەكىللەر:**

ھازىر مەن گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن يىغىنغا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىمەن، قاراپ چىقىشىڭلارنى ھەمدە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ پىكىر بېرىشىنى سورايمەن.

### 1. 2020 - يىلى ئىشلەنگەن خىزمەتلەرگە نەزەر

ئۆتكەن بىر يىل يېڭى جۇڭگو تارىخىدا ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. تۇيۇقسىز كۆرۈلگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىشى قاتارلىقلارنىڭ قاتمۇقات ئېغىر زەربىسى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، دۇنيادىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئىچىدە بىردىنبىر دۆلەتمىزلا ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، خەلقنى قانائەتلەندۈرىدىغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، تارىخ سەھىپىسىگە پۈتۈلىدىغان جاۋاب تاپشۇردۇق. پۈتۈن يىللىق تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلىرىنى بىرقەدەر ياخشى ئورۇنلىدۇق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يەنە يېڭى زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ جاپالىق مۇساپىسىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقنى، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەر سىجىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىدۇق. بىز يۇقۇم ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، قىسمەن رايونلاردا كۆرۈلگەن تۇپلىنىش خاراكتېرلىك يۇقۇمنى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىپ، خەلقنىڭ ھايات بىخەتەرلىكىنى ۋە تەن ساغلاملىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوغداپ، ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە زۆرۈر شارائىت ياراتتۇق.

بىر يىلدىن بۇيان، بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق.

بىرىنچى، بازار سۇبيېكتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى چۆرىدەپ ماكرولۇق سىياسەتنى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي ھالىتىنى مۇقىملاشتۇردۇق. تارىختا كەمدىن - كەم كۆرۈلىدىغان زەربە ئالدىدا، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتى ئاساسىدا، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى، بولۇپمۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا، خەلق تۇرمۇشىغا ۋە بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدۇق. مەۋقەنى دۆلەت ئەھۋالى ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، ھەم ۋاقتىدا، كەسكىن ئىش كۆردۇق، ھەم ئىرادىنى ساقلىدۇق، «باستۇرۇپ سۇغىرىش» يولىنى تۇتماسلىقتا چىڭ تۇردۇق، كۆلەم خاراكتېرلىك سىياسەتنىڭ تەڭپۇڭلۇق نۇقتىسىنى ئىلمىي يوسۇندا ئىگىلىدۇق. ئىسلاھ قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش چارىسىنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېرىلگەن ھوقۇققا بىنائەن «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسىنى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى** شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېرىلگەن ھوقۇققا بىنائەن، 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى»نى تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلدى. 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى توغرىسىدىكى قارارنى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاپ، بۇ يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى تەستىقلاشنى قارار قىلدى.

پىروگرامما جەمئىي 19 بۆلەككە بۆلۈنگەن: «ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش» «يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات يېڭى ئەۋزەللىكىنى ئومۇميۈزلۈك يارىتىش» «زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، زورايتىش»

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## شىنجاڭ بىلەن جىلىن جۇڭگو (چاڭبەيشەن تاغ تىزمىسى —— ئالتاي تاغ تىزمىسى) قار - مۇز ئىقتىسادى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات سىناق رايونىنى ئورتاق قۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق رامكا كېلىشىمى ئىمزالىدى

### چېن چۈەنگو، جىڭ جۈنخەي سۆز قىلدى

گوۋ جۇڭۋېي، خەن جۈن، شۆھرەت زاكىر، جياڭ زىلىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن قاتناشتى

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن جىلىن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق رامكا كېلىشىمى ئىمزالىدى، جۇڭگو (چاڭبەيشەن تاغ تىزمىسى - ئالتاي تاغ تىزمىسى) قار - مۇز ئىقتىسادى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات سىناق رايونىنى ئورتاق قۇرىدۇ. سۈرەتتە: كېلىشىم ئىمزالاش نەق مەيدانى.

□ **ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۈي جىجيەن فوتوسى**




ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ياۋ تۈك** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جىلىن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو (چاڭبەيشەن تاغ تىزمىسى —— ئالتاي تاغ تىزمىسى) قار - مۇز ئىقتىسادى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات سىناق رايونىنى ئورتاق قۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق رامكا كېلىشىمىنى ئىمزالاش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، جىلىن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جىڭ جۈنخەي كېلىشىم ئىمزالاش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى گوۋ جۇڭۋېي، جىلىن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۆلكە باشلىقى خەن جۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، جىلىن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جياڭ زىلىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن قاتناشتى.

چېن چۈەنگو سۆزىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن شىنجاڭ خىزمىتىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ، مەدەت بېرىپ كېلىۋاتقان دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى، تەنتەربىيە باش ئىدارىسىگە يۈكسەك ئېھتىرام بىلدۈردى، جىلىن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقى ۋە شەخسىيەتسىز ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ۋەكىللىرى ۋۇخەنگە بېرىپ «نورۇز گۈلى ئۇچرىشىشى»غا قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۇ لۇپىڭ خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتە، قايتا كۆرۈشكەن شۇ دەقىقىدىن باشلاپ، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا ئۇنىۋېرسال تىببىي بۆلۈمى ئادەتتىكى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ سېستراسى ليۇ پېيپېي بىلەن ۋۇخەن داشۆ خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ شەرقىي دوختۇرخانىسى نەپەس يولى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ سېستىرالار باشلىقى لۇ لى بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتقىنىچە قويۇپ بەرمىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ۋۇخەن داشۆ خەلق دوختۇرخانىسى (خۇبېي ئۆلكىلىك خەلق دوختۇرخانىسى)نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭدىكى 52 دوختۇر - سېستىرالار ۋەكىلى ھەم

(ئاخىرى 8 - بەتتە)

